# ئۈستۈن قول تۆۋەنكى قولدىن ياخشى، ئۈستۈن قول دېگىنىمىز بەرگۈچى قول، تۆۋەنكى قول دېگىنىمىز تىلىگۈچى قولدۇر

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ سەدىقە، تىلەمچىلىكتىن ساقلىنىشنى تىلغا ئالدى ۋە: ئۈستۈن قول تۆۋەنكى قولدىن ياخشى، ئۈستۈن قول دېگىنىمىز بەرگۈچى قول، تۆۋەنكى قول دېگىنىمىز تىلىگۈچى قولدۇر، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ، تىلەمچىلىك قىلىشنى سۆكتى. ياخشىلىق يوللىرىدا پۇل-مال چىقىم قىلىپ تۇرىدىغان، خەيرى-ئىھسان قىلىدىغان كىشى باشقىلاردىن (يەنى خەيرى-ئىھسان سورايدىغانلاردىن) ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee